# مەن مۇسۇلمان
# بىر قىسىم
# ئۆلىمالار مۇراجىئەت قىلدى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

﴿كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىننى ئارزۇ قىلىدىكەن ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ قىيامەت كۈنى زىيان تارتقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ.﴾

**[ئالئىمران سۈرىسى: 85 ئايەت.]**

## 1 - ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىمەن

**مەن مۇسۇلمان...**

❁ اللّٰه بىر يەككە-يېگانە ئۇنىڭ ھېچ قانداق بىر شېرىكى ۋە ئوخشىشى، ئۇنىڭدىن باشقا بەرھەق مەبۇد يوقتۇر، ئۇ تۇغۇلمىغان ھەمدە تۇغمىغان دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.

❁ ئاللاھ ئاسمان زېمىننى ياراتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر، پۈتۈن غايىبنى بىلگۈچى، ھەر زامان ھايات ئۇخلىمايدۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى بىر زاتتۇر.

❁ ئاللاھنىڭ توقسان توققۇز گۈزەل ئىسمى بار، كىمكى ئۇنى ياد قىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۇئا قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ ۋە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

❁ ئاللاھ ئىنسانلارغا سان - ساناقسىز نېمەتلەر بەردى، ئىنسانلار





نىڭ ھەرقانداق پايدىلىنىۋاتقان نەرسىسى ئاللاھنىڭ نېمىتىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى يارىتىپ ھاياتلىقنى بەردى، كۆرىدىغان كۆز ئاڭلايدىغان قۇلاق بەردى، ئىنسانلارنى سان-ساناقسىز رىزىقلار بىلەن تەمىنلىدى.

❁ ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشى، ئۇنىڭ بۇيرىغىنىغا بويسۇنۇپ توسقانلىرىدىن يېنىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئاللاھدىن باشقا بەرھەق مەبۇد يوقتۇر.

❁ ئاللاھ ئىنساننىڭ قىلىۋاتقان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئاللاھدىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشلارنى ئۈمىت قىلىپ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا خىجىل بولۇشى كېرەكتۇر.

❁ ئىنسانلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىشى ۋە ئېھسان دەرىجىسىگە يېتىشى كېرەك، چۈنكى ئىمان ئىبادەتلەر بىلەن زىيادە بولىدۇ گۇناھ مەئسىيەتلەر بىلەن تۆۋەنلەيدۇ.

❁ ئاللاھنى تونۇغان ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ نەپسىگە، ھاۋاسىغا ياكى بىدئەتكە ئەگەشمەستىن داۋاملىق ئاللاھنىڭ بۇيرىغان بۇيرۇقى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەت يولى بىلەن مېڭىپ، قىلغان ئەمەللىرىدە دۇنيانى كۆزدە تۇتماستىن پەقەت بىر ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىشى كېرەكتۇر.

❁ ئاللاھ ئىنسانلارغا شۇنداق رېھىمدىلكى ھەتتا ئۆز ئانىلىرىدىنمۇ رېھىمدىل. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ھەممە نەرسىگە شۇنداق كەڭدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاجەتلىرىنى پەقەت بىر ئاللاھدىن تىلىشى كېرەكتۇر.

❁ ئىنسانلارنىڭ ئاللاھدىن باشقىغا قىلغان دۇئالىرىدا ئۇلارئۈچۈن زىيىنى باركى پايدىسى يوق، ئاللاھدىن باشقىسى ھېچ بىر ئىشقا قادىر بولالمايدۇ، ئاشكارە مەخپىي ـ سىرلارنى ئاللاھدىن باشقا بىرسى بىلەلمەيدۇ ۋە دۇئالارنى ئىجابەت قىلالمايدۇ.





❁ ئىنسانلار قەبرىلەردىن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى كىشىلەردىن ھاجەت ئىزدەپ دۇئا قىلىشى جائىز ئەمەستۇر، چۈنكى قەبرىلەر ۋە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر ئاڭلىمايدۇ قانداقمۇ ئىجابەت قىلالايدۇ؟ ھەرقانداق ياخشى يامانلىق ئاللاھنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ قەبرىلەرگە مەسجىد سېلىشى ۋە قەبرىلەردىن بىر نەرسە تىلىشى جائىز ئەمەستۇر.

❁ ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئاللاھنىڭ ھەرئىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە، ئۆزىنىڭ پېقىر ئىكەنلىكى ئاللاھ نىڭ غەنى ئىكەنلىكىگە، ئۆزىنىڭ جاھىل ـ بىلىمسىز، ئاللاھنىڭ ئەلەيم، غەنى، ئەزىز، ئىكەنلىكىگە قارىشى كېرەكتۇر.

❁ ئىنسانلار، ئىززەت ـ ھۆرمەت ئۇستۇنلۇك پەقەت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەكتۇر.

❁ شۇ مۇئمىنلەنىڭ ئىچىدىن سېھىرگەر-كاھىنلارغا كەلمەيدىغان ئۇلارغا ئىشەنمەيدىغان پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان، ئاللاھتىنلا ياردەم سورىدىغان، ئاللاھقىلا سېغىنىدىغان، ئاللاھتىنلا قورقىدىغان، ئاللاھتىنلا ئەجر-ساۋاپ تىلەيدىغان، ئاللاھقىلا دۇئا قىلىدىغان، ئاللاھقىلا قۇربانلىق قىلىدىغان، ئاللاھقىلا نەزر قىلىدىغان، ئاللاھ بىلەنلا قەسەم قىلىدىغان مۇئمىنلەر بولۇشى كېرەكتۇر.

❁ مۇئمىنلەر سۆزلىگەندە دىققەت قىلىدۇ، ئاللاھ خالىسا سەن خالىساڭ ياكى ئاللاھقا ئۇندىن كېيىن ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم دەيدىغان شېرىكى سۆزلەرنى قىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدىم ئاللاھ خالىسا دەيدۇ.

❁ مۇئمىنلەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ئىكەن ئاللاھدىن باشقا ھەرقانداق تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىشى كېرەكتۇر.

❁ تاغۇتنىڭ بېشى شەيتان ۋە شۇنىڭغا رازى بولۇپ ئاللاھدىن





باشقىغا ئەگەشكەنلەردۇر.

❁ شۇ تاغۇتلارنىڭ جۈملىسىدىن ئۆزلىرى قانۇن چىقىرىپ ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھارام ھارام قىلغاننى ھالال قىلغانلاردۇر.

❁ يەنە شۇ تاغۇتلاردىن ئۆزلىرى چىقارغان قانۇنغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا بويرىغانلار شۇنداقلا ئۆزلىرى بىكىتكەن قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلغانلار، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ چىقارغان قانۇنلىرىغا چاقىرغانلاردۇر.

❁ ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتتى ئۇلارنىڭ پايدىسىنى بىلىدۇ، ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قانۇن تۈزۈمنى ئىنسانلارغا قاقۇن قىلدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇق قانۇن تۈزۈم چىقىرىشقا ھەققى يوقتۇر.

## 2 ـ پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرىمەن

**مەن مۇسۇلمان...**

❁ ئاللاھ نۇردىن ياراتقان پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرىمەن. ئاللاھ ئۇلارنى ئىككى ئۈچ ھەمدە تۆت قاناتلىق قىلىپ ياراتتى. ئۇلار يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، توي قىلمايدۇ، ئۇخلىمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرىدۇ.

❁ پەرىشتىلەر ھېرىپ-چارچاپ قالمايدۇ كېچە-كۈندۈز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمايدۇ ئاللاھدىن قورقىدۇ. ئۇلاردىن ئاللاھ ياراتقاندىن تارتىپ قىيامەتكىچە سەجدىدە تۇرىدىغانلار باردۇر. ئۇلار سەجدە قىلغانلار بېشىنى سەجدىدىن كۆتەرگەندە: ئى ئاللاھ! بىز ساڭا لايىق ئىبادەت قىلالمىدۇق دەيدۇ.

❁ ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرى قىزلار-ئوغۇل دەپ ئايرىلمايدۇ ئۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مۆئمىنلەرگە شاپائەت قىلىدۇ.





❁ ئۇلاردىن قاراۋۇللار بار ئىنسانلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدۇ.

❁ ئۇلاردىن يازغۇچىلار بار ئىنسانلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرىنى يازىدۇ.

❁ ئۇلاردىن قىيامەت كۈنىگىچە ئەتىگەن ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدىغانلار بار.

❁ ئۇلاردىن ساياھەتچىلەر بار زېمىندىكى زىكىر ـ تەسبىھ ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىدىغانلاردۇر.

❁ ئۇلاردىن ئەرشنى كۆتۈرىدىغان سەككىز پەرىشتە بار بولۇپ ئۇلار ئاللاھنىڭ كاتتا مەخلۇقلىرىدىندۇر، بىر قۇش ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ قۇلىقىنىڭ يېنىدىن بوينىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەتمىش مىڭ يىل ئۇچىدۇ.

❁ ئۇلاردىن ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەزرائىل ئىسىملىك پەرىشتە باردۇر.

❁ ئۇلاردىن ئىسراپىل ئىسىملىك پەرىشتە بولۇپ قىيامەت قوپۇشتىن ئىلگىرى سۇر چالىدۇ پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۆلىدۇ. ئىككىنجى قېتىمدا سۇر چالىدۇ پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئورنىدىن تۇرىدۇ.

❁ ئۇلاردىن مىكائىل ئىسىملىك يامغۇرغا مۇۋەككەل قىلىنغان پەرىشتە باردۇر.

❁ ئۇلاردىن رىزۋان ئىسىملىك جەننەت خىزمەتچىلىرى باردۇر ئۇلار ياردەمچىلىرى بىلەن بىرگە جەننەتتە مۇئمىنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ.

❁ ئۇلاردىن دوزاخقا مۇۋەككەل قىلىنغان پەرىشتەلەر بار بولۇپ ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئونتۇققۇزى مەسئۇلدۇر ئۇلار ياردەمچىلىرى بىلەن تۆمۈردىن ياسالغان چوڭ قارماقلار بىلەن كاپىرلارنى ئازاپلايدۇ.

❁ پەرىشتەلەرنىڭ چوڭلىرىدىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي ئېلىپ كېلىدىغان جىبرىل ئەلەيھىسسالامدۇر.

❁ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلى ھالىتىدە كۆرگەندە ئۇ چوڭلۇقىدىن ئۇپۇقنى يۆگىگەن ئۇنىڭ ئالتەيۈز قانىتى بار بولۇپ بىر قانىتىنىڭ ئۇچى بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى زېمىن بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تاشلاپ ھالاك قىلغان.

❁ ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلار ئۇقمايدىغان نورغۇن پەرىشتەلەر باردۇر.

❁ پەرىشتەلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت تىلەيدۇ.

❁ پەرىشتەلەر مۇئمىنلەرگە ئۇرۇشتا ياردەم بېرىدۇ.





## 3 ـ سەماۋى كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىمەن

**مەن مۇسۇلمان...**

❁ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي ئارقىلىق كەلگەن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىمەن. ئۇ كىتابلار ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلاردۇر. شۇ كىتابلارنىڭ جۈملىسىدىن.

❁ قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان.

❁ ئىنجىل ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان.

❁ تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان.

❁ زەبۇر داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان.

❁ سۇھۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان.

❁ قۇرئان كەرىم بولسا بۇ كىتابلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر. قۇرئان نازىل بولۇپ بۇرۇنقى كىتابلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

❁ ئاللاھ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

❁ قۇرئان كەرىم بولسا ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق خاتالىق يوقتۇر، ئۇنىڭ بىلەن سۇز قىلغانلار ھەرگىز خاتالاشمايدۇ ۋە ھۆكۈم قىلغانلار توغرا ھۆكۈم قىلىدۇ.

❁ كىمكى قۇرئانغا ئەگىشىپ ماڭسا توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئېسىلغانلار دۇنيا ئاخىرەت نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن يۈزئۆرىگەنلەر دۇنيا ئاخىرەت زىيان تارتىدۇ.

❁ قۇرئان ئەھلى ئاللاھنىڭ ئەھلىدۇر (يېقىنلىرىدىندۇر). ئىنسانلارنىڭ ياخشىراقى قۇرئاننى ئۆگىنىپ ئۆگەتكۈچىدۇر. چۈنكى قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇغان ھەمدە ئەمەل قىلغان كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللادىن جەننەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

❁ قۇرئان ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىنى شۈبھىلەر ۋە شەھۋەتلەردىن پاكلايدۇ، شۇنداقلا ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇپ ياخشى ئەمەل قىلىپ نىجاتلىققا ئىرىشىشكە ئۈندەيدۇ.

❁ ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى.

❁ مادى ۋە مەنىۋى نىجاسەتتىن پاك بولۇش

❁ تاھارەت ئېلىش

❁ قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇش





❁ ئەدەپ ئەخلاق بىلەن ئولتۇرۇش

❁ ئالدىرىماي ئوقۇش

❁ خۇشۇ بىلەن ئوقۇش

❁ قىلغان گۇناھلىرىنى ئېتراپ قىلىش

❁ ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ كاتتىلىقىدىن كۆز يېشى قىلىش

❁ چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇش

❁ باشقىلار بار يەردە ئاۋازىنى كۆتۈرمەسلىك

❁ ئايەتنىڭ مەنالىرنى مۇلاھىزە قىلىش

❁ مۇڭلۇنۇپ ئوقۇش

❁ ئايەتلەردە تەپەككۇر قىلىش

❁ قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىنى زېمىندا يۈرگۈزۈش بولسا، ئۇستۇلۇككە ئىگە بولۇش ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرگە غەلبە قىلىشنىڭ بىردىن بىر سەۋەبىدۇر.

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى ياخشى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ھەر زامان ئاللاغا تەۋبە ئىستىغپار ئېيتىشنى ئۇنۇتماسلىقى كىرەك.

## 4 ـ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىمەن

**مەن مۇسۇلمان...**

❁ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرىمەن، ئاللاھ ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللاپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى زېمىندا ئىجرا قىلىش، ئىنسانلارغا ئاللاھنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشىلەردۇر كىمكى ئۇلارغا ئىتائەت قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ كىمكى ئاسىيلىق قىلسا دوزاخقا كىرىدۇ.

❁ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل-ئىسپات ۋە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن مۆجىزىلەر بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن.

❁ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچىسى نوھ ئەلەيھىسسالام ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

❁ ئۇلار ئىنساندۇر، يەيدۇ، ئىچىدۇ، كېسەل بولىدۇ، ئۆلىدۇ، تۇي قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار گۇناھتىن خالى ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى بەندىلىرىدىندۇر.

❁ ئۇلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ چىڭ ئىرادە-جەددى بولغان پەيغەمبەرلەر





باردۇر ئۇلار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام، نوھ ئەلەيھىسسالاملاردۇر. بۇنىدىن باشقا: ئىسھاق، يەئقۇب، ھارۇن، ئېييۇب، يۇنۇس، سۇلەيمان، داۋۇد يەھيا، زەكەرىيا، ھۇد، سالىھ، يۇسۇپ، شۇئەيب، ئىلياس، لۇت، زۇلكىپلى، ئىدرىس، ۋە ئۇلاردىن باشقا ئاللاھ قۇرئاندا زىكىر قىلغان ھەممە قىلمىغان پەيغەمبەرلەر باردۇر.

❁ ئۇلار بىرىنچى قىلىپ تەۋھىد- ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چاقىرغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام- تەۋھىد ئۈچۈن كەلگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇسلۇبلىرى ئوخشاش بولمىغان.

❁ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىدىن بىشارەت بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئەگىشىشكە بۇيرىغان.

❁ پەيغەمبەر ئاتالغۇسى بىلەن نەبىي ئاتالغۇسىنىڭ پەرقى بولۇپ پەيغەمبەرگە ۋەھىي كېلىپ شۇ ۋەھيىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان بولسا ئۇ پەيغەمبەر دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەھىي كېلىپ شۇ ۋەھىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلمىغان بولسا نەبىي دەپ ئاتىلىدۇ.

❁ ئاللاھنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنى پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك ۋە كىتاب نازىل قىلىش ئاياغلاشقان.

❁ ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن ئەۋزەل قىلغان ئۇنىڭغا مۆجىزىلەر بىلەن ياردەم قىلغان، ئۇنىڭغا قىلغان ۋەھىينى پۈتۈن ۋەھىيلەردىن ئۈستۈن قىلغان. ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن قانۇنلارنى بۇرۇنقى قانۇنلاردىن ئۈستۈن ھەمدە تولۇق قىلغان، ئۇنىڭغا نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمنى پۈتۈن نازىل قىلغان سەماۋى كىتابلاردىن ئەۋزەل قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈممىتىنى پۈتۈن ئۈممەتلەردىن ئالاھىدە قىلغان.

❁ ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى بەرگەن.

❁ ۋەسىلە، جەننەتتىكى ئەڭ ئۈستۈن دەرىجە بولۇپ پەيغەمبەرئەلەيىسسالامغا خاس قىلغان.

❁ كەۋسەر، جەننەتتە ئەرشنىڭ ئاستىدىن ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيىسسالامغىلا بەرگەن.

❁ كۆل، قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەمدىن تەر ئېقىپ ئۇلارنىڭ قىلغان





ئەمەل- ئىبادەتلىرىگە قاراپ، بەزىسىنىڭ تىزىغا بەزىسىنىڭ مەيدىسىگە بەزىسىنىڭ دولىسىغا چىققاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا شۇ كۆلدىن ئۇسسۇزلۇق بېرىدۇ ئۇلار ئۇسسۇزلۇقنى ئىچكەندىن كېيىن ھەرگىز ئۇسسىمايدۇ، ئۇنى پەقەت مۇسۇلمانلارلا ئىچەلەيدۇ.

❁ شاپائەت، بۇ قىيامەت كۈنىدە ئۈستۈن بىر ماقامدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن لائىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ھەر بىر ئۈممەتكە شاپائەت قىلىدۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر دوزاختا قالمايدۇ.

❁ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرمىگەنلەر مۇسۇلمان بولمايدۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

❁ ئاللە ئۇ نىڭ دەۋىتىگە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە نۇسرەت بەردى، ۋە قىيامەتكىچە نۇسرەت بېرىدۇ، ئاللاھ بىر ئاي مۇساپىلىك ئۇزاقلىقتىن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ ئاتا قىلدى، بۇنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە بەرمىگەن.

❁ پۈتۈن زېمىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پاك- تاھىر مەسجىد قىلىندى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن.

❁ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىگە خاس قىلىپ ئەۋەتكەن، لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيىسى ۋەسەللەمنى زېمىندىكى پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

❁ بىرىنچى قىلىپ قەبرە يېرىلىدىغان، قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدىغان بىرىنچى قېتىم جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئۇرىدىغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. جەننەت قاراۋۇل كىم؟ دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن مەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قاراۋۇل: سەندىن بۇرۇن سەندىن باشقا بىركىشىگە جەننەت ئىشىكىنى ئېچىشتىن توسالدىم، دىدۇ.

❁ ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نورغۇن مۆجىزىلەر بەرگەن شۇنىڭ جۈملىسىدىن.

❁ ئاينىڭ ئىككى پارچە بولىشى.

❁ قەتادىنىڭ كۆزى ئۇھۇد ئۇرشىدا چىقىپ كەتكەندىن كيىن ئۆز ئورنىغا كەلتۈرىشى.

❁ ئىبنۇلھەكەمنىڭ سىنىپ كەتكەن پۇتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىشى.

❁ دەرەخنىڭ شاھادەت ئېيتىپ كاپىرنىڭ ئىمان كەلتۈرىشى.

❁ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇغاندا تۇتۇپ تۇرۇپ





ئوقۇيدىغان ياغاچنى تەرك ئەتكىنىگە يىغلاپ ئۇنى تۇتقاندىن كيىن يېغىدىن توختىشى.

❁ تاماقنىڭ كۆپيىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئۇچۇم تاماقتىن سەكسەندىن ئارتۇق ساھابىنىڭ تويىشى.

❁ ھۇدەيبىيە كۈنىسى سۇنىڭ زىيادە قىلىنىشى، قوشۇننىڭ ئىچىدىغان بىر قاچا سوغاپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولىنى تېقىپ ئۇ سو بولاقتىن چىققاندە كۆپيىپ ھۇدەيبىيەگە كەلگەن 1500گە يېقىن قوشۇن سوغا تويىشى.

❁ ئىسرا كېچىسى مەسجىدۇلھەرەمدىن مەسجىدۇل ئەقساغا بېرىپ مەسجىدۇل ئەقسادىن ئاسمانغا چىقىپ جەننەت ۋە دوزاخنى كۆرىشى.

❁ ئاللاھ ئۇنىڭغا تا قىيامەتكىچىلىك داۋام قىلىدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە قۇرئان كەرىمنى بىرىشى.

❁ ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىبىسىنى ئۇستۈن قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغان. ئىنساننىڭ ئىسلامغا كىرگەندە لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ دەپ ئىسلامغا كىرىشى.

❁ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنىڭ ئالدىدا قالايمىقان گەپ-

سۆز قىلماي ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر.

❁ ئۇنى ئۆز ئىسمى بىلەنلا ئاتىماستىن پەيغەمبەر ياكى رەسۇلۇللاھ دەپ ئەدەپ ئەخلاق بىلەن ئاتاش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىندۇر.

❁ پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇيۇش ۋاجىپتۇر كىمكى پەيغەمبەرگە ئەگەشسە ئاللاھقا ئەگەشكەن بولىدۇ.

❁ ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىش، ، ئۇنىڭ ئۇخلىشى، تاماق يېيىشى، مېڭىشى ، ناماز ئوقۇشى، روزا تۇتۇشى، سەدىقە بېرىشى، جىھاد قىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سۈننەتلىرىنى ھاياتىمىزغا ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كېرەكتۇر.

❁ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز نەپسىمىزدىن بالىلىرىمىزدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن ياخشى ھەمدە ئۈستۈن كۆرۈشىمىز كېرەكتۇر.

❁ پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرۈش ئۇنىڭغا ئەگىشىش يامان كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرمەسلىك ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك كېرەكتۇر.

❁ مۇسۇلمانلار مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈشى ئۇلارغا ياردەمدە بولۇشى، ياخشىلىقتا بىرگە بولىشى، ئۇلارنى دوس تۇتۇشى كېرەكتۇر.





❁ مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى يامان كۆرۈشى، ئۇلارغا ياردەم بەرمەسلىكى، ھېيت بايراملاردا بىرگە بولماسلىقى، ئۇلارغا ئەگەشمەسلىكى، باتىل پىكىرلىرىنى تارقاتماسلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ زىتتىدە ئۇلاربىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرماسلىقى كېرەكتۇر.

❁ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىللىرىنى، پەيغەمبەر بىلەن بىرگە بولغان ساھابە كىراملارنى ياخشى كۆرۈشىمىز كېرەكتۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەردۇر.

❁ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىھيا قىلىش، شەرئىتىنى ئۈستۈن قىلىش، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاتقان جاپا- مۇشەققەتلەرگە سەبرە قىلىش بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ۋاجىپتۇر.

❁ ئى مۇسۇلمان! ئاگاھ بولۇشىڭ كېرەككى كاپىرلارنىڭ ساڭا قىلغان ئازا- ئەزىيەتلىرى سېنى دىنىڭدىن قايتۇرمىسۇن چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن بىرگەكاپىرلاردىن كۆپ ئەزىيەتلەر چەككەن.

❁ كاپىرلارنىڭ سېنى ھاڭۋاقتى جەمئىيەتنىڭ ئارقىدا قالدى دەپ دەرۋاڭ سېلىشى سىنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا دەۋەت قىلىشىڭدىن تۇسۇپ قالمىسۇن، چۈنكى سەن ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۈلگە. كاپىرلار ئۇنى شائىر ساراڭ كاھىن دەپ تەشۋىق قىلغان.

❁ كاپىرلارنىڭ سېنى ئازغۇچى چېكىدىن ئاشقۇچى دەپ تەشۋىق قىلىشى ساڭا تەسىر قىلمىسۇن، كاپىرلارنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ھەر زامان مۇشۇنداق بولىدۇ (ئەگەر كاپىرلار مۇئمىنلەرنى كۆرسە: ئۇلار ئازغۇچىلار، دەيدۇ) مۇتەپپىن سۈرىسى 32.

❁ ئەگەر كىشىلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنسە سىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار قىسىمدا بولۇشۇڭ يەتمەمدۇ؟.

❁ كاپىرلارنىڭ سېنى ئەسكى ـ قەبىھ كىشى دەپ تۆھمەت قىلىشلىرى توغرا يولدىن قايتۇرمىسۇن، كاپىرلارنىڭ مۇئمىنلەرگە دۇنيا ئاخىرەت قىلغان تۆھمىتى بۇ. قىيامەت كۈنى پەرىشتەلەر كاپىرلارنى دوزاخقا ئېلىپ ماڭغاندا كاپىرلار (بىزگە نېمە بولدى ئەسكى دەپ قارىغان كىشىلەرنى كۆرمەيمىزغۇ؟)ساد سۈرىسى.62 ئايەت.

❁ كاپىرلار يامان دەپ قارىغان مۇئمىنلەر يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتۇل پىردەۋستىن كاپىرلارغا جاۋاب بېرىدۇكى:(بىزنىڭ رەببىمىز بىزگە قىلغان ۋەدىسىنىڭ ھەققىتىنى تاپتۇق) ئەئراپ سۈرىسى: 44 ئايەت.





## 5 ـ ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىمەن

**مەن مۇسۇلمان...**

❁ دۇنيا ئاخىرلىشىپ ئەمەل قىلىش توختاپ ئاخىرەت كۈنىسى جازا باشلىنىپ ياخشىلارغا جەننەت يامانلارغا دوزاخ بېرىلىدىغان ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىمەن.

❁ قىيامەت كۈنى مىزان قۇيۇلۇپ ھەر بىر ئىنسانىنىڭ قىلغان ئەمىلى يېزىلغان كىتاب بېرىلىدۇ. كىمكى كىتابىنى ئوڭ قولى بىلەن تاپشۇرۋالسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەننەتتە بىرگە بولىدۇ. كىمكى كىتابىنى سول قولىدا تاپشۇرۋالىدىكەن لەنەت قىلىنغان كاپىر پىرئەۋن بىلەن بىرگە دوزاختا بولىدۇ.

❁ ھەر بىر كىشى پىلسىراتتا ماڭىدۇ كىمكى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پىلسىراتتىن ئۆتسە جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى يامان ئەمەللىرى بىلەن ئۇنى پىلسىراتنىڭ قارماقلىرى ئېلىپ قالسا دوزاخقا چۈشىدۇ. قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ كىچىك ئالامەتلىرى بار دۇر.

❁ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، قاتىللىق كۆپىيىپ كېتىش، ئەسكى ـ

پاسىقلار ھۆكۈم بېشىغا چىقىۋېلىش، مۇھىم ئىشلاردا ئاخماق ـ ئىلىمسىزلەر پەتىۋا بېرىش، قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن .

❁ مەھدى چىقىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنھەجىدە خىلاپەت تۇرغۇزۇش، دەججال چىقىش،

❁ ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ مۇسۇلمانلارغا باشلامچى بولۇپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، سەلىبنى چېقىپ تاشلاپ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسلامدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلماسلىقى.

❁ دۇنيانىڭ ھەرقايسى يېرىدە يېزىدا ياكى شەھەردە بولسۇن ھەرقانداق ئۆيگە بۇ دىن ئىززەت ھۆرمەت بىلەن ياكى رەزىل ھەسرەت نادامەت ئاستىدا كىرىدۇ.

❁ يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ چىقىشى، كىشىلەرگە گەپ قىلىدىغان ھايۋاننىڭ چىقىشى، كۈننىڭ غەرپ تەرەپتىن چىقىشى، قۇرئاننىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالامەتلەر.

❁ كىمكى زەرەرچىلىك ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلغان بولسا قىيامەت كۈنى كۆرىدۇ.





❁ ئىنساننىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلى ئۆلەپ يېزىلىشتىن توختاپ قالغۇچىلىك ئىبادەتكە كىرىشكىلار چۈنكى ئىنساننىڭ ئەجىلىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

❁ ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئائىلىسى يۇيۇپ تاراپ كېپەنلەپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىپ كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ، ئۇندىن كېيىن مۇنكەر ۋە نەكىر ئىسىملىك ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭدىن: سېنىڭ رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ قايسى دىن؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دەپ سوئال سورايدۇ.

❁ ئىنسان مېنىڭ رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ جاۋاب بىرەلىسە ياتقان قەبرىسىدىن دېرىزە ئېچىلىپ جەننەتتىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان قەسىر مال مۈلۈكلىرىنى كۆرۈپ خوشال بولىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى كۆزى قاراپ يەتكەن يەرگىچىلىك كەڭەيتىلىدۇ.

❁ ئەگەر ئىنسان كاپىر بولسا سورىغان سوئالغا جاۋاب بىرەلمەي قالىدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە جاۋاب بېرىش زىرەك ـ ھۇشيارلىقتىن بىرىلمەيدۇ.

❁ دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئاللاھ

بۇيرىغان پەرزلەرنى جايىدا ئادا قىلىپ ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇپ ئاللاھ يولىدا سەدىقە، جىھاد قىلىپ قۇرئاندا كۆرسەتكەنلەرگە ئەمەل قىلىپ ئۇزۇن ئىسسىق كۈنلەردە روزا تۇتۇپ سوغۇق كېچىلەردە تەھەججۇدقا تۇرغان مۇئمىنلەرنى ئاللاھ سابىت قىلىپ سوئالغا جاۋاب بىرەلەيدۇ.

❁ ئامما كاپىر بولسا ئۇنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمىگەن ۋە قىلغان يامان ئىشلىرىغا ئۇنىڭ ياتقان قەبرىسى تارلىشىپ ئۇنى قىستاپ قوۇرغىلىرى بىربىرىگە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى دوزاخنىڭ بىر يېرىگە ئايلىنىدۇ.

❁ مۇسۇلمان قېرىنداش ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا تىرىشقىن چۈنكى دۇنيادا ئەمەل بار ھېساب يوق ئاخىرەتتە ھېساب بار ئەمەل يوقتۇر.

❁ قىيامەت كۈنى پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مۇسۇلمانلارلا جەننەتكە كىرىدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

❁ جەننەتتە ئىنسان كۆرۈپ باقمىغان قۇلاقلىرىدا ئاڭلاپ باقمىغان ئويلاپمۇ يەتمىگەن نېمەتلەر باردۇر. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان داۋاملىق نېمەتتۇر. جەننەت ئەھلى ئۆلمەيدۇ، جەننەتتىكى ئەڭ چوڭ نېمەت ئاللاھنى كۆرۈشتۇر.





❁ كاپىرلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا جەھەننەمدە شۇنداق بىر ئوت تەييارلىدىكى چوڭ-چوڭ تاغلارمۇ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

❁ جەھەننەمدە كاپىرلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئاللاھدىن كاتتىلىرىغا يەنى ئۇلارنى يولدىن ئازدۇرغانلارغا ئازابنى ھەسسىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئازابنى ھەسسىلەپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلار ئۈزۈلمەس ئازاب بىلەن ئازاپلىنىدۇ.

❁ ئى مۇسۇلمان قېرىنداش! سەن ماڭغان ھەقىقەت يولىدا چىڭ تۇرغىن، ساڭا قارشى چىققانلارنىڭ كۆپلىكى سېنى ئازدۇرمىسۇن ئەگەر سەن زېمىن خەلقىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئەگەشسەڭ سېنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ، سەن ئاللاھ يولىدا ماڭغانلار بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرغىن.

❁ شەك-شۈبھىسىزكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بىر توپ كىشىلەر ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرىدۇ ئۇلارغا قارشى تۇرغانلار ياكى ئۇلارنى ئۈيىپلىگەنلەر قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

❁ سەن ئاللاھ ھالال قىلغان، ئېلىپ ـ سېتىش تىوي قىلىش زېمىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئىشلار دا ئىنسانلار بىلەن بىرگە جەسىدىڭ بىلەن بولغىن.

❁ سىنىڭ قەلبىڭ دۇنياغا باغلانمىسۇن قەلبىڭ داۋاملىق ئاللاھ بىلەن بىرگە بولسۇن، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئەرشىسىنىڭ سايىسىدا بولۇشنى ئويلىغىن.

❁ قەلبىڭ بىلەن ئاللاھغا بېرىلگىن قىيامەتكىچە ئاللاھ بىلەن بولىدىغان بىر قەلب ئىگىسى بولغىن.

❁ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلار ئۆزىنىڭ قۇللىرىنى ئۆزلىرى چىشلەپ ئىست پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن بولسام دەپ پەرياد ئىتىدىغانلاردىن بولۇپ قىلىشتىن ئاگاھ بولغىن.





## قازاۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرىمەن

### مەن مۇسۇلمان...

❁ قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرىمەن، ئاللاھ پۈتۈن مەۋجۇداتنى يارىتىشتىن ئىلگىرى بىلگەن ۋە قىيامەتكىچىلىك پۈتۈن ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

❁ ئاللاھ لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئەھۋالىنى يازغان بۇنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ.

❁ ئاللاھ ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىگە پەرىشتە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئەجلىنى، رىزقىنى، ئەمىلىنى، ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

❁ قەدىر كېچىسى زېمىندا بولىدىغان بىر يىللىق تەقدىر چۈشىدۇ، ئۇندىن كىيىن كۈنلۈك تەقدىر ئۆز ئورنىغا چۈشىدۇ.

❁ ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، ئاللاھ خالىسا بولىدۇ خالىمىسا بولمايدۇ.

❁ ئاللاھ پۈتۈن مەۋجۇداتنى ياراتتى شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىلىدىغان

## مەن مۇسۇلمان

ئەمەللەرنى ياراتتى، ئىنساننىڭ باياشات ياشىشى ياكى پېقىر بولۇپ ئىمتىھان ئېلىنىشى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

❁ ھەر قانداق يامانلىق ياكى ياخشىلىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

❁ ئاللاھ قىلغان ئىشلىرىدىن سوئال سورالمايدۇ لېكىن ئىنسانلار قىلغان ئىشلىرىدىن سوئال سورىلىدۇ.

❁ ئاخىرىدا ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن مېنى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىشىنى تىلەيمەن.



كتاب لا غنى عنه لكل مسلم ومسلمة

# أنا مسلم

باللغة الأيغورية

محمد أشرف صلاح

توزيع

دار الخلفاء الراشدين
الإسكندرية- أبو سليمان- ش عمر
أمام مسجد الخلفاء الراشدين

دار الفتح الإسلامي
الإسكندرية- مصطفى كامل
بجوار مسجد الفتح الإسلامي